

پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى
غۇنچىلار
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي



# 1 پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى

ئەھمەد، مۇھەممەد ۋە ئەكرەم ئىسىملىك ئۈچ دوست بار ئىكەن، ئۇلار دېڭىز ساھىلىدىكى چىرايلىق بىر شەھەردە ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن. ئۇلار ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشتا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن دائىم گۈزەل، مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ سەيلە-ساياھەت قىلىدىكەن. ئۇلار بۇ ھەپتىلىك دەم ئېلىشتىمۇ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر باغچىغا بېرىپتۇ. ئۇلار باغچىدا خۇشال-خۇرام ئويناپتۇ ۋە مەسچىتكە بېرىپ پېشىن نامىزى ئوقۇپتۇ.



## 2 پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمى

نامازدىن قايتقاندا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بوپتۇ، ئۇلار داستىخان سېلىپ، ئېلىۋالغان تاماقلىرىنى مەززە قىلىپ يېيىشىپتۇ ۋە تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئولتۇرغان جاينى تازىلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئەكرەم تازىلىق قىلماي ئەھمەد بىلەن مۇھەممەدكە: -قويۇڭلار بۇ ئىشنى، يۈرۈڭلار، ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى،- دەپتۇ. ئەھمەد ئۇنىڭغا: -سەن نېمىشقا ئەخلەتلەرنى يىغىپ، ئولتۇرغان جايىڭنى تازىلىمايسەن؟- دەپتۇ. ئەكرەم: -بىز بىرئازدىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىدىغان تۇرساق، تازىلاشنىڭ نېمە هاجىتى؟- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# 3 پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى

مۇھەممەد: -قېرىندىشىم ئەكرەم، بۇ قىلغىنىڭ قەتئىي توغرا بولمىدى، ئىسلام دىنىمىز - پاكىزلىق دىنى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، قەلبى گۈزەل ۋە ھەرىكىتى گۈزەل بولۇشى كېرەك،- دەپتۇ. ئەھمەدمۇ مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. ئەمما ئەكرەم يەنىلا ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئولتۇرغان جايىنى تازىلىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئەھمەد مۇھەممەدكە: -مېنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تازىلىۋەتكۈم بار، ئەمما ئەخلەتلەر بۇ قېتىم تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ئۇنىڭغا بىر دەرس بېرىپ قوياي،- دەپتۇ.





# 4 پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۈچ دوست بۇرۇنقىدەك سەيلە-ساياھەتكە چىقىپتۇ، ئۇلار ئوخشاشلا ئالدىنقى ھەپتە ئولتۇرغان جايغا بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى قويۇپتۇ. ئەكرەم: -يۈرۈڭلار، باشقا ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرايلى، بۇ يەر بەك سېسىق پۇرايدىكەن،- دەپتۇ. ئەھمەد: -بۇ باغچىدىكى ئەڭ ياخشى جاي تۇرسا، بۇ يەرنى تاشلاپ قانداقمۇ باشقا يەرگە كېتىمىز!؟- دەپتۇ. ئەكرەم: -سەن سېسىق پۇراقنى پۇرىمايۋاتامسەن؟ دەپتۇ. ئەھمەد: -ئەلۋەتتە پۇراۋاتىمەن، راستلا سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ. ئەمما سەن ئۇ سېسىق پۇراقنىڭ سەۋەبىنى سورىمىدىڭغۇ؟- دەپتۇ.





# 5 پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى

مۇھەممەد ئەكرەمگە: -قېرىندىشىم ئەكرەم، سەن ئۆتكەن ھەپتە تاماق قالدۇقلىرىنى تازىلىمىغاچقا ئۇ نەرسىلەر سېسىپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ كېتىپتۇ، ھەتتا بۇ يەر ئويۇن ئوينىيالمايدىغان ھالەتكە كەپ قاپتۇ،- دەپتۇ. ئەكرەم ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ: -كەچۈرۈڭلار، مەن خاتا قىپتىمەن، بۇ يەرنى ھازىرلا تازىلىۋېتەي، مەن بۇنىدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق خاتالىق سادىر قىلمايمەن، سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلار توغرا ئىكەن، ھەممە ئادەم مەندەك قىلسا، شەھەردە قىلچمۇ پاكىز ئورۇن قالمايدىكەن،- دەپتۇ ۋە ئۇ يەرنى پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ناھايىتى خۇشال-خۇرام ئويناپ ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

